# 13966 - ئىددەت تۇتۇۋاتقان ئايالنىڭ قىلىشى چەكلەنگەن ئىشلار

## سوئال

ئېرى ۋاپات بولغان ئايال ھازا تۇتۇپ ئىددەتتە تۇرۇۋاتقاندا، ئۇ ئايال قىلىشتىن چەكلەنگەن ئىشلار نېمىلەردىن ئىبارەت؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئىددەت ئىچىدە ھازا تۇتۇۋاتقان ئاياللارغا چەكلەنگەن ئىشلار:

بىرىنچى: ئىددەتتىكى ئايال بىرەر مۇھىم ئىشى بولمىسا ئۆيىدىن چىقمايدۇ، كېسەل بولسا كۈندۈزدە دوختۇرغا كۆرۈنۈپ كېلىدۇ، ئەگەر ئۆيى ئۆرۈلۈپ كېتىدىغان ياكى ئۆيگە ئوت كېتىدىغان دېگەندەك ئالاھىدە ئەھۋاللار بولمىسا ئاساسەن سىرتقا چىقمايدۇ.

ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن كۈندۈزى چىقىدۇ، ئەمما كېچىدە پەۋقۇلئاددە جىددى بىر ئىش بولمىسا سىرتقا چىقمايدۇ.

ئىككىنچى: خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلەتمەيدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھازا تۇتۇۋاتقان ئايالنى نورمال ۋاقىتتا خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىشتىن چەكلىگەن، پەقەت ئادەت كۆرۈپ پاكىزلانغاندا، ھەيزنىڭ ئورنىدىن ھەيزنىڭ ئىزى-پۇرىقىنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئىشلەتسە بولىدۇ.

ئۈچىنچى: ئاياللارغا نىسبەتەن زىننەت ھېسابلىنىدىغان چىرايلىق كىيىملەرنى كىيمەسلىك، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن چەكلىگەن، ياسانماستىن پەقەت ئۆزىنىڭ ئادەتتە ئۆيدە كىيىدىغان كىيىملىرىنى كىيسە بولىدۇ.

تۆتىنچى: سۈرمە تارتمايدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن چەكلىگەن. ئەگەر سۈرمە تارتىشقا مەجبۇر بولۇپ قالسا كېچە تەرەپلەردە رەڭگى ئېنىق بولمايدىغان سۈرمىنى سۈرۈپ كۈندۈزدە يۇيۇۋەتسە بولىدۇ.

بەشىنچى: ئالتۇن زىبۇ-زىننەتلەرنى تاقماسلىق كېرەك، چۈنكى چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىشتىن چەكلەنگەن ئىكەن ئەلۋەتتە ئالتۇن زىبۇ-زىننەتلەرنى تاقاشتىن چەكلىنىدۇ.

ئەرلەر بىلەن سۆزلەشسە دۇرۇس بولىدۇ، تىلىپۇندا سۆزلەشسە بولىدۇ، ئۆيگە كىرىشى مۇمكىن بولىدىغان كىشلەرگىلا ئۆيگە كىرىشكە رۇخسەت قىلسا بولىدۇ، كېچىدە ياكى كۈندۈزدە ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقمايدۇ، ياكى بالكۇنغا چىقىپ تۇرمايدۇ، بەزى كىشىلەر ئويلىغاندەك ھەر جۈمە كۈنى يۇيۇنۇپ تۇرۇشى كېرەك بولمايدۇ، شۇنىڭدەك ھەر ھەپتىدە چېچىنى چۇۋۇپ تاراش لازىم ئەمەس.

شۇنىڭدەك، ئىددەت تۈگىگەن كۈنى سىرتقا چىقىپ دەسلەپتە ئۇچراشقان كىشىگە ئازراق بىر نەرسە سەدىقە قىلىش كېرەك ئەمەس. بۇ بىدئەت ئىشنىڭ جۈملىسىدىن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.